# كىمكى مەن بىلەن ئىپتىكاپ قىلىدىكەن، رامىزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈنىدە قىلسۇن، ماڭا قەدىر كېچىسى كۆرسىتىلگەن، ئاندىن ئۇنتۇلدۇرۇلدۇم، مەن ئۆزۈمنى شۇ كۈنى سەھەردە بىر سۇ ۋە لايغا سەجدە قىلغىنىمنى كۆرگەنىدىم، سىلەر ئۇنى رامىزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈنىدىن ئىزدەڭلار

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئوتتۇرىدىكى ئون كۈنىدە ئىپتىكاپتا تۇراتتى، بىر يىلى ئىپتىكاپتا تۇردى، ھەتتاكى رامىزاننىڭ يىگىرمە بىرىنچى كۈنى بولغاندا، (ئەسلى ئاشۇ كۈنى سەھەردە ئىپتىكاپتىن چىقىدىغان كۈن ئىدى) دېدى: كىمكى مەن بىلەن ئىپتىكاپ قىلىدىكەن، رامىزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈنىدە قىلسۇن، ماڭا چۈشۈمدە قەدىر كېچىسى كۆرسىتىلگەن، ئاندىن ئۇنتۇلدۇرۇلدۇم، مەن شۇ كۈنى سەھەردە چۈشۈمدە بىر سۇ ۋە لايغا سەجدە قىلغىنىمنى كۆرگەنىدىم، سىلەر ئۇنى رامىزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈنىدىن ئىزدەڭلار، ۋە ھەر تاق كۈنلەردە ئىزدەڭلار، شۇ كۈنى كېچىدە يامغۇر ياغدى، ئۇ زاماندا مەسچىتنىڭ ئۆستى خورما شېخىدا يېپىقلىق ئىدى، يامغۇر تامچىپ ئۆتۈپ كەتتى، يىگىرمە بىرىنچى كۈنى سەھەردە مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشانىسىدا سۇ ۋە لاينىڭ ئىزىنى كۆردۈم

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەدىر كېچىسىنى ئىزدەپ، رامىزاننىڭ ئوتتۇرىدىكى ئون كۈنىدە ئىپتىكاپ قىلاتتى، بىر يىلى شۇنداق ئىپتىكاپ قىلدى، ھەتتاكى رامىزاننىڭ يىگىرمە بىرىنچى كۈنى بولغاندا، (ئەسلى ئاشۇ كۈنى سەھەردە ئىپتىكاپتىن چىقىدىغان كۈن ئىدى) قەدىر كېچىسىنىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈنىدە ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇڭا ساھابىلىرىغا: كىمكى مەن بىلەن رامىزاننىڭ ئوتتۇرىدىكى ئون كۈنىدە ئىپتىكاپ قىلغان بولسا، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇپ ئاخىرىقى ئون كۈندىمۇ قىلسۇن، دېدى. رەسۇلۇللاھقا ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا قەدىر كېچىسىنى چۈشىدە كۆرسەتكەن، ئاندىن ئۇنتۇلدۇرغان، لېكىن شۇ يىلى ئۇنىڭ بەزى ئالامەتلىرىنى كۆرگەن ئىدى، ئۇلاردىن: پەيغەمبىرىمىز چۈشىدە بامدات نامىزى ئوقۇپ سۇ ۋە لايغا سەجدە قىلغان. ئاندىن ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىنى راستقا چىقاردى-دە، يىگىرمە بىرىنچى كۈنى كېچىدە يامغۇر ياغدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتى كەپە شەكلىدە؛ تۈۋرۈكلىرى خۇرما تۈپىدىن، تورىسى خۇرما شاخلىرىدىن يېپىلغان ئىدى. يامغۇر سۇلىرى تامچىپ تۇراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىگىرمە بىرىنچى كۈنى سەھەردە، سۇ ۋە لايغا سەجدە قىلدى. تەيسىيرىل ئەللام 349- بەت، تەنبىھۇل ئەفھام 3- توم 472- بەت، تەئسىسۇل ئەھكام 3- توم292- بەت

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee